«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# شەھەردىكى ئەڭ كېلىشكەن گىگانت ئادەم



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

**图书在版编目（CIP）数据**

小不点儿. 城里最漂亮的巨人：维吾尔文 / 新疆儿童文学研究会编；龙喜汇动漫公司绘；帕丽达·买买提译. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社：新疆电子音像出版社, 2015.12

ISBN 978-7-5469-7833-8

Ⅰ. ①小… Ⅱ. ①新… ②龙… ③帕… Ⅲ. ①儿童文学－图画故事－中国－当代 Ⅳ. ①I287.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 280894 号

策　　划：于文胜
责任编辑：迪娜·迪里木拉提
责任校对：迪力夏提·买买提
责任复审：茹鲜古丽·吐尔逊
责任决审：艾尼瓦·库迪力克
责任印制：刘伟煜

书　　名　小不点儿绘本丛书 —— 城里最漂亮的巨人（维吾尔文）
译　　者　帕丽达·买买提
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
　　　　　新疆电子音像出版社
地　　址　乌鲁木齐市沙依巴克区克拉玛依西街 1100 号（邮编 830091）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
印　　刷　新疆新美大厦文化传媒有限责任公司
开　　本　889 mm × 1194 mm　　1/16
印　　张　2
版　　次　2015 年 12 月第 1 版
印　　次　2017 年 12 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7833-8
定　　价　10.00 元

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# شەھەردىكى ئەڭ كېلىشكەن گىگانت ئادەم

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت فوتو - سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن - سىن نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com




新货!
巨人尺寸


www.uyghurkitap.com



بىر كۈنى، جورجى شەھەردە يېڭى كىيىم - كېچەك دۇكىنىنىڭ
ئېچىلغانلىقىنى، دۇكان ئىچىنىڭ ھەر خىل پوزۇر كىيىملەر بىلەن تولۇپ
كەتكەنلىكىنى بايقاپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن جورجى دۇكانغا كىرىپ،



بىر كۆينەك،



بىر ئىشتان،



بىر بەلباغ،



بىر يوللۇق گالستۇك،



غىچ شەكىللىك نەقىش ئىشلەنگەن
بىر جۈپ پايپاق،



ۋە بىر جۈپ قاپقارا پارقىراق خۇرۇم
ئاياغ سېتىۋاپتۇ.

— مەن ھازىر شەھەردىكى ئەڭ كېلىشكەن گىگانت ئادەم، — دەپتۇ ئۇ كۆرەڭلەپ.

www.uyghurkitap.com



جورجى كونا ئۇخلاش كىيىمى بىلەن سەندىلىنى دۇكانغا تاشلاپ قويۇپتۇ.

ئۇ دۇكاندىن چىقىپ ئۆيگە كەتمەكچى بولۇپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز بىر غەلىتە ئاۋازنى ئاڭلاپ قاپتۇ.



ئۇ پىيادىلەر يولىدا ھاسىراپ ـ ھۆمۈدەپ تۇرغان زىراپىنى كۆرۈپتۇ.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ جورجى.



— بوينۇمنىڭ ئۇزۇنلىقى بولمامدۇ! — دەپتۇ زىراپە، — ھاۋا بەك سوغۇق، ئەگەر شارپام بولغان بولسا نېمدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە!

www.uyghurkitap.com

— ئەنسىرىمىگىن! — جورجى شۇنداق دېگىنىچە بوينىدىكى يوللۇق گالستۇكنى يېشىپ:


— بەرىبىر بۇ گالستۇك پايپىقىم بىلەن ماسلاشمىدى، — دەپتۇ ـ دە، گالستۇكنى زىراپىنىڭ بوينىغا چىگىپ قويۇپتۇ.

— ھا! ھا! ھەقىقەتەن بەك ياخشى شارپا ئىكەن! رەھمەت ساڭا جورجى! — دەپتۇ زىراپە.



جورجى:

ــ گالستۇكۇمنى تۇغلاپ كەتكەن زىراپىگە شارپا قىلىپ بەرگەن بولسامۇ، لېكىن ماڭا قاراپ بېقىڭلار، مەن يەنىلا شەھىرىمىزدىكى ئەڭ كېلىشكەن گىگانت ئادەم! ــ دەپ ناخشا ئېيتقىنىچە ئۆيىگە قاراپ مېڭىپتۇ.



www.uyghurkitap.com

جورجى دەريا بويىغا يېتىپ كەلگەندە، كىچىك كېمە ئۈستىدە بىر ئۆچكىنىڭ توختىماي مەرەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ جورجى.





— يەلكەننىڭ ئىشى بولمامدۇ، —
دەپتۇ ئۆچكە.



— بوران چىقىپ
يەلكەننى ئۇچۇرۇپ كەتتى.




— ئەگەر كىچىك كېمەمنىڭ
مۇستەھكەم بىر يەلكىنى بولغان
بولسا بەك ياخشى بولاتتى!

www.uyghurkitap.com

— ئەنسىرىمىگىن! — جورجى شۇنداق دېگىنىچە يېڭى كۆينىكىنى سېلىپ، — بۇ كۆينەك بەرىبىر ئىشتىنىمدىن چىقىۋالىدىكەن، — دەپتۇ - دە، كۆينىكىنى كېمىنىڭ مومىسىغا باغلاپ قويۇپتۇ.

— ھا! ھا! بۇ بەك ياخشى يەلكەن بولدى! رەھمەت ساڭا جورجى! — دەپتۇ ئۆچكە.





جورجى ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا بىر تەرەپتىن يولنى داۋام قىلغاچ، بىر تەرەپتىن:

— گالستۇكۇمنى توڭلاپ كەتكەن زىراپىگە شارپا قىلىپ بەردىم، كۆينىكىمنى ئۆچكىنىڭ كېمىسىگە يەلكەن قىلىپ بەردىم، لېكىن سىلەر ماڭا قاراپ بېقىڭلار، مەن يەنىلا شەھىرىمىزدىكى ئەڭ كېلىشكەن گىگانت ئادەم! — دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



جورجى كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان بىر ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ
ئانا چاشقاننىڭ بالىلىرى بىلەن كۆڭلى يېرىم تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە:
— سىلەرگە نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ.



— مۇشۇ يېڭى ئۆينىڭ ئىشى
بولمامدۇ! — دەپتۇ ئانا چاشقان.



— ئۆيگە ئوت كەتتى.





— ئەگەر بىزنىڭ بىر يېڭى
ئۆيىمىز بولغان بولسا نېمىدېگەن
ياخشى بولاتتى — هە!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

— ئەنسىرىمىگىن! — جورجى شۇنداق دېگىنىچە دەرھال يېڭى خۇرۇم ئايىغىنى سېلىۋېتىپتۇ ۋە بەرىبىر بۇ ئاياغ پۇتۇمنى قىستاپ قاپارتىۋەتتى، — دەپتۇ.

شۇنداق قىلىپ ئانا چاشقان بالىلىرى بىلەن ئاياغنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

— ھا! ھا! ئىللىق، ھەم راھەت ئۆيىمىز بولدى! رەھمەت ساڭا جورجى! — دەپ چۇرقۇرىشىپ كېتىپتۇ چاشقانلار.






جورجى تاق پۇتلاپ سەكرەپ مېڭىشقا مەجبۇر بوپتۇ، ئەمما ئۇ يەنىلا خۇشال هالدا:

— گالستۇكۇمنى توڭلاپ كەتكەن زىراپىگە شارپا قىلىپ بەردىم، كۆينىكىمنى ئۆچكىنىڭ كېمىسىگە يەلكەن قىلىپ بەردىم، خۇرۇم ئايىغىمنى چاشقانلارغا ئۆي قىلىپ بەردىم، لېكىن ماڭا قاراپ بېقىڭلار، مەن يەنىلا شەھىرىمىزدىكى ئەڭ كېلىشكەن گىگانت ئادەم! — دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

جورجى بىر قونالغۇدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ چېدىر يېنىدا بىر تۈلكىنىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ.

— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ سوراپتۇ جورجى.



— ئۇخلاش خالتامنىڭ ئىشى
بولمامدۇ! — دەپتۇ تۈلكە.



— ئۇ سۇ كۆلچىكگە
چۆشۈپ كەتتى.



— ئەگەر ئىسسىق ھەم پاكىز ئۇخلاش خالتام بولغان بولسا
بەك ياخشى بولاتتى! — دەپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



— ئەنسىرىمىگىن! — جورجى شۇنداق دېگىنىچە پۇتىدىكى پايپىقنى سېلىپ، — بەرىبىر بۇ پايپاق بارماقلىرىمنى قىچىشتۇرىۋەتتى، — دەپتۇ.

تۈلكە پايپاقنىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

— ھا! ھا! بۇ ھەقىقەتەنمۇ راھەت ئۇخلاش خالتىسى بولدى! رەھمەت ساڭا جورجى! — دەپتۇ تۈلكە.

جورجى داۋاملىق بىر پۇتلاپ سەكرەپ مېڭىپتۇ ۋە:

— گالستۇكۇمنى توڭلاپ كەتكەن زىراپىگە شارپا قىلىپ بەردىم، كۆينىكىمنى ئۆچكىنىڭ كېمىسىگە يەلكەن قىلىپ بەردىم، خۇرۇم ئايىغىمنى چاشقانلارغا ئۆي قىلىپ بەردىم، پايپىقىمنى تۈلكىگە ئۇخلاش خالتىسى قىلىپ بەردىم، لېكىن ماڭا قاراپ بېقىڭلار، مەن يەنىلا شەھىرىمىزدىكى ئەڭ كېلىشكەن گىگانت ئادەم! — دەپ ناخشا ئېيتىپتۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



جورجى سازلىق يېنىدىن ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ بىر ئىتنىڭ توختىماي
قاۋاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:
— ساڭا نېمە بولدى؟ — دەپ
سوراپتۇ.



— مۇشۇ سازلىقنىڭ
ئىشى بولمامدۇ، — دەپتۇ
ئىت.



— ئەسلى بۇ يەردىن ئۆتۈپ
كەتمەكچى ئىدىم، بىراق
پاتقاققا پېتىپ قالدىم.



— ئەگەر بۇ يەر سازلىق بولماي
كىچىك يول بولغان بولسا نېمىدېگەن
ياخشى بولاتتى ـ ھە!



www.uyghurkitap.com

— ئەنسىرىمىگىن! — جورجى شۇنداق دېگىنىچە يېڭى بەلبېغىنى يېشىپ، — بەرىبىر بۇ بەلباغ بېلىمنى قىستاپ، قورسۇقۇمنى ئاغرىتىۋەتكەن، — دەپتۇ ـ دە، دەرھال بەلبېغىنى سازلىققا قويۇپتۇ.

— ھا! ھا! ھەقىقەتەن بىر ياخشى كىچىك يول بولدى! رەھمەت ساڭا جورجى! — دەپتۇ ئىت.



دەل شۇ چاغدا قاتتىق شامال چىقىپ كېتىپتۇ. ئەمما جورجى شامالغا پىسەنتمۇ قىلماي ناخشىسىنى ئېيتىپ داۋاملىق بىر پۇتلاپ سەكرەپ مېڭىۋېرىپتۇ:

— گالستۇكۇمنى تۇگۈلاپ كەتكەن زىراپىگە شارپا قىلىپ بەردىم، كۆينىكىمنى ئۆچكىنىڭ كېمىسىگە يەلكەن قىلىپ بەردىم، خورۇم ئايىغىمنى چاشقانلارغا ئۆي قىلىپ بەردىم، پايپىقىمنى تۈلكىگە ئۇخلاش خالتىسى قىلىپ بەردىم، بەلبىغىمنى ئىتنىڭ سازلىقتىن ئۆتۈشىگە ياردەم قىلىشقا بەردىم، بىراق...



www.uyghurkitap.com

— ئىشتىنىم توختىماي سىيرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، مەن شەھىرىمىزدىكى بىردىنبىر توڭلاپ كەتكەن گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم!

جورجى توڭلاپ، كۆڭلى يېرىم بولۇشقا باشلاپتۇ، ئۇ ئەمدى ئۆزىنى كېلىشكەن ھېس قىلمايدىغان بوپتۇ...

ئۇ بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇپ:

— مەن يەنىلا كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا بېرىپ بىر قۇر كىيىم سېتىۋالاي، — دەپتۇ.

ئۇ شۇنداق دەپلا تاق پۇتلاپ سەكرەپ كىيىم - كېچەك دۇكىنىغا يۈرۈپ كېتىپتۇ.







جورجى دۇكانغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ يەردىكىلەر ئاللىبۇرۇن ئىشتىن چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— ھەي، نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ! — دەپتۇ جورجى.

لېكىن ئامال قانچە؟ ئۇ يول بويىدا ئولتۇرۇپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. جورجىنىڭ كۆڭلى ناھايىتى يېرىم بوپتۇ، شۇ تاپتا ئۇ خۇددى يول ئۈستىدە ئۇچراتقان ئەشۇ بىرنەچچە بىچارە جانىۋارلارغىلا ئوخشاپ قاپتۇ.

دەل شۇ چاغدا، ئۇ ئىشىك ئالدىغا قويۇپ قويۇلغان خالتىنى كۆرۈپ قاپتۇ، خالتا ئىچىدىكى نەرسىلەر ناھايىتى تونۇش ئىكەن.

جورجى خالتىغا زەن سېلىپ قاراپتۇ...

— ئۇخلاش كىيىمىم! — ئۇ خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپتۇ، — مېنىڭ سۆيۈملۈك ئۇخلاش كىيىمىم بىلەن سەندىلىم!

جورجى ئۇلارنى قايتىدىن كىيىۋاپتۇ. ۋاھ، نېمىدېگەن راھەت!

— مەن شەھىرىمىزدىكى ئەڭ راھەت ئەڭ بەختلىك گىگانت ئادەم! — ئۇ شۇنداق دەپتۇ ـ دە، خۇشال ھالدا ئۆيىگە يۈرۈپ كېتىپتۇ.



www.uyghurkitap.com



ۋوي! ئۇنىڭ ئۆيى ئالدىدا بىر توپ جانىۋارلار تۇرىدىغۇ؟ زىراپە، ئۆچكە، چاشقان، تۈلكە، ئىت... ھە! بۇلار جورجى ئېلگىرى ياردەم قىلغان جانىۋارلار ئىكەن!

ئۇلار جورجىغا چوڭ بىر يەشىكتە سوۋغات ئېلىپ كەلگەن ئىكەن.

— جورجى، تېز كېلىپ بۇ يەشىكنى ئېچىپ كۆرۈپ باقىن! — دەپتۇ كۆپچىلىك.

جورجى يەشىكنى ئېچىپتىكەن، ئىچىدىن ئالتۇن رەڭلىك قەغەزدىن ياسالغان تاج بىلەن بىر پارچە خەت چىقىپتۇ.

— خەتتە نېمىلەر يېزىلغانلىقىنى ئوقۇپ باقىن، — دەپتۇ كۆپچىلىك.

جورجى ئالتۇن تاجنى بېشىغا تاقاپ، خەتنى ئوقۇپتۇ:

خەتكە تۆۋەندىكى مەزمۇنلار يېزىلغان ئىدى:





سەن گالستۇكۇڭنى زىراپىگە شارپا
قىلىپ بەردىڭ؛

سەن كۆينىكىڭنى ئۆچكىگە يەلكەن
قىلىپ بەردىڭ؛



سەن خۇرۇم ئايىغىڭنى چاشقانغا ئۆي
قىلىپ بەردىڭ؛



سەن پايپىقىڭنى تۈلكىگە ئۇخلاش
خالتىسى قىلىپ بەردىڭ؛



سەن بەلبېغىڭ بىلەن ئىتىڭ
سازلىقتىن ئۆتۈشكە يادەم قىلدىڭ.





هازىر بىز ساڭا بىر ئالتۇن تاج سوۋغا قىلىمىز،
چۈنكى، سەن شەھىرىمىزدىكى ئەڭ ئاق كۆڭۈل
گىگانت ئادەم!
بۇ ئالتۇن تاج سېنىڭ ئۇخلاش كۆينىكىڭ ۋە
سەندەلگە تازا ماس كېلىدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتىنىڭ 2013 ـ يىلى 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2014 ـ يىلى 6 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据新疆美术摄影出版社 2013 年 5 月第 1 版, 2014 年 6 月第 5 次印刷版本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: يۈ ۋېنشېڭ
مەسئۇل مۇھەررىرى: دىنا دىلمۇرات
مەسئۇل كوررېكتورى: دىلشات مەمەت

قايتا تەكشۈرگۈچى: روشەنگۈل تۇرسۇن
تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ئەنۋەر قۇتلۇق
باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۈ

«كىچىك پىستەك» رەسىملىك كىتابلار مەجمۇئەسى

# شەھەردىكى ئەڭ كېلىشكەن گىگانت ئادەم

تەرجىمە قىلغۇچى: پەرىدە مەمەت

---


نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونى غەربىي قاراماي كوچىسى 1100 ـ نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830091
تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى
باسقۇچى: شىنجاڭ شىنمېي سارىيى مەدەنىيەت تارانقۇ چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى
فورماتى: 1194 × 889 مىللىمېتىر، 1/16
باسما تاۋىقى: 2
نەشرى: 2015 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
بېسىلىشى: 2017 ـ يىلى 12 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7833 - 8
باھاسى: 10.00 يۈەن

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)
تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

---

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



ISBN 978-7-5469-7833-8
9 787546 978338 >
定价：10.00元

ئوقۇ ئەرخل كىتابلىرى
dudu
www.dudu-book365.com